## 5220 ـ گۇناھقا تەۋبە قىلغۇچى، ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟

### سۇئال

تەۋبە قىلغۇچى تەۋبە بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى تەۋبىنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق قىلسا، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا جەزىم قىلالامدۇ ياكى پەقەت تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىت قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالالاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز بۇ سوئالنى پەزىلەتلىك ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد بىن سالىھ ئۇسەيمىندىن سورىغان ئىدۇق، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "ھېچ كىشى ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا جەزىم قىلالمايدۇ، پەقەت تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئالالاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.